سەلتەنەتلىك 70 يىل كۈرەشچان يېڭى دەۋر
يېڭى جۇڭگونىڭ قايناق - تاشقىنلىق يىللىرى

## 2008 - يىلىدىكى يەر شارىۋى ئىقتىسادىي كرىزىس:

# ۋاقىتلىق قىيىنچىلىقنى باتۇرلۇق بىلەن يېڭىش

2007 - يىلى باشلانغان ئامېرىكا ئىككىلەمچى قەرز كرىزىسى 2008 - يىلغا كەلگەندە بىر مەيدان يەر شارى خاراكتېرلىك پۇل مۇئامىلە كرىزىسىغا ئايلاندى. خەلقئارا پۇل مۇئامىلە كرىزىسىمۇ جۇڭگوغا مىسلىسىز قىيىنچىلىق ۋە خىرىس ئېلىپ كەلدى، 2008 - يىلىنىڭ 3 - پەسلىدىن باشلاپ، جۇڭگونىڭ ئېكسپورتى زور دەرىجىدە تۆۋەنلەپ، ئىقتىسادنىڭ ئېشىش سۈرئىتى ئاستىلاپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش بېسىمى زورايدى.

كەسكىن ۋەزىيەت ئالدىدا، 2008 - يىلى 6 - ئايدىن باشلاپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن كەسكىن تەدبىر قوللىنىپ، ماكرو ئىقتىسادىي سىياسەتنىڭ يۆنىلىشىنى ۋاقتىدا تەڭشەپ، ئاكتىپ مالىيە سىياسىتى ۋە مۇۋاپىق كەڭ پۇل سىياسىتىنى يولغا قويۇشنى ئوتتۇرىغا قويدى، ئىچكى ئېھتىياجنى ئاشۇرۇشتىكى ئون تۈرلۈك تەدبىرنى دەرھال چىقىرىپ، ئارقا - ئارقىدىن بىر قاتار سىياسەتلەرنى تۈزدى، 2009 - يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغىچە ئىقتىسادنىڭ تەكشى، مۇقىم، تېز تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان «بىر يۈرۈش پىلان» تەدرىجىي شەكىللەندى.

جۇڭگو ھۆكۈمىتى يەنە كۆپلىگەن مۇھىم خەلقئارا سورۇندا خەلقئارا پۇل مۇئامىلىنىڭ مۇقىملىقىنى قوغدايدىغان، دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان خەلقئارا ھەمكارلىققا داۋاملىق قاتنىشىپ، خەلقئارا پۇل مۇئامىلە تەشكىلاتىنىڭ خەلقئارا پۇل مۇئامىلە بازىرىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئاساسەن مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇشنى قوللاپ، خەلقئارا جەمئىيەت بىلەن بىرلىكتە بىر ياقىدىن باش چىقىرىپ ھەمكارلىشىپ، ۋاقىتلىق قىيىنچىلىقنى ئورتاق يېڭىدىغانلىقى توغرىسىدا تەنتەنىلىك ۋەدە بەردى.

تىرىشىش ئارقىلىق، دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي ئايلىنىشىدا ئاكتىپ ئۆزگىرىش بولدى، پايدىلىق شارائىت ۋە ئاكتىپ ئامىللار كۆپەيدى، ئومۇمىي ۋەزىيەت مۇقىملىشىپ ياخشىلىنىشقا يۈزلەندى. بۇنىڭ ئاساسلىق ئىپادىلىرى: سېلىنمىنىڭ ئېشىش سۈرئىتى سىجىل تېز بولدى، ئىستېمال مۇقىم، بىرقەدەر تېز ئاشتى، ئىچكى ئېھتىياجنىڭ ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىغا بولغان تۈرتكىلىك رولى تەدرىجىي كۈچەيدى؛ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىيىتى ياخشى بولۇپ، يازلىق ئاشلىقتىن يەنە مول ھوسۇل ئېلىندى؛ سانائەتنىڭ ئېشىش سۈرئىتى مۇقىملىق ئاساسىدا ئۆرلىدى، قۇرۇلمىنى تەڭشەش ۋە ئېنېرگىيە تېجەپ بۇلغىمىنى ئازايتىشتا يېڭى ئىلگىرىلەش قولغا كەلتۈرۈلدى، رايونلارنىڭ ماس تەرەققىياتىدا يېڭى ھالەت بارلىققا كەلدى؛ پۇل مۇئامىلە بازىرىنىڭ يۈرۈشۈشى تەكشى، مۇقىم بولۇپ، بازار مۆلچەرى داۋاملىق ياخشىلىنىشقا يۈزلىنىپ، جەمئىيەتنىڭ ئىشەنچى يەنىمۇ ئاشتى؛ شەھەر - بازارلاردا ئىشقا ئورۇنلاشقانلار داۋاملىق كۆپەيدى؛ ئاپەتتىن كېيىنكى قايتا قۇرۇش تېز ئالغا سىلجىتىلدى.

(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 11 - ئاينىڭ 19 - كۈنى تېلېگراممىسى)

# نەزەرىيە بىلەن قوراللىنىشنى كۈچەيتىش مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىش ۋەزىپىنى ئادا قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش

(بېشى 1 - بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم 9 - نۆۋەتلىك 8 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ئورگانلىرىنىڭ «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىشى، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىشى، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇشىغا تۈرتكە بولۇپ، نەزەرىيە بىلەن قوراللىنىشنى كۈچەيتىپ، مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ۋەزىپىنى ئادا قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، مەسلىھەتچىلىك، ياردەمچىلىك ۋە مۇلازىمەت كاپالىتى رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنى خاتىرجەم قىلىدىغان، خەلق ئاممىسىنى رازى قىلىدىغان نەمۇنىلىك ئورگاننى تىرىشىپ قۇرۇپ چىقىشتىن ئىبارەت.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى شاۋكەت ئىمىن كۇرسنىڭ باشلىنىش مۇراسىمىغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

شاۋكەت ئىمىن مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىغا ھەقىقىي بىرلىككە كەلتۈرۈپ، پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ ئىجادىي، ئابىدىلىك ئەھمىيىتىنى تولۇق تونۇپ، ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مۇھىم، زور تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىغا ھەقىقىي بىرلىككە كەلتۈرۈش كېرەك. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم 9 - نۆۋەتلىك 8 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىشنى كۈچەيتىپ، زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىپ، قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنىڭ بىرىكىش نۇقتىسى، كۈچەش نۇقتىسى، كۈچ چىقىرىش نۇقتىسىنى توغرا تېپىپ چىقىش كېرەك. پارتىيە رەھبەرلىكى، خەلق ئۆزىگە ئۆزى ئىگە بولۇش، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ ئورگانىك بىرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، تۈزۈمگە ئاڭلىق ھۆرمەت قىلىپ، تۈزۈمنى قاتتىق ئىجرا قىلىپ، تۈزۈمنى قەتئىي قوغداپ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمەت مېخانىزمى ۋە تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك.

شاۋكەت ئىمىن مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: پارتىيەنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكىدە مەھكەم چىڭ تۇرۇپ، دىققەتنى ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە مەركەزلەشتۈرۈپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قانۇنچىلىق سىستېمىسىدا چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنى كۆزلەپ، نىزام چىقىرىش خىزمىتىنىڭ سۈپىتى ۋە ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈپ، قانۇنچىلىق كاپالەتلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇش كېرەك؛ پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ نازارەتچىلىك سىستېمىسىدا چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنى كۆزلەپ، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نازارەتچىلىك خىزمىتىنىڭ قاتتىقلىقى ۋە ئەمەلىي ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇپ، كاپالەتلىك قىلىش، قوغداش رولىنى جارى قىلدۇرۇش كېرەك؛ خەلق ئۆزىگە ئۆزى ئىگە بولۇش تۈزۈم سىستېمىسىدا چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنى كۆزلەپ، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى بىلەن خەلق ئاممىسىنىڭ ئالاقىسىنى قويۇقلاشتۇرۇپ، قەلب ۋە كۈچنى مۇجەسسەملەش رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن يېڭى تۆھپە قوشۇش كېرەك. پارتىيەنىڭ سىياسىي قۇرۇلۇشىنى بىرتۇتاش يېتەكچى قىلىپ، خەلق قۇرۇلتىيى ئورگىنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنى خاتىرجەم قىلىدىغان، خەلق ئاممىسىنى رازى قىلىدىغان نەمۇنىلىك ئورگاننى تىرىشىپ قۇرۇپ چىقىش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ئوتتۇرىسىدىكى خىزمەت ئالاقىسى ۋە ماسلىشىشنى كۈچەيتىپ، ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ خىزمىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىپ، ماس قەدەمدە راۋاجلاندۇرۇپ، خەلق قۇرۇلتىيى ئورگىنى قۇرۇلۇشى ۋە خىزمەتتە بىرلىشىپ ھەرىكەت قىلىشنى ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىش كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىرىدىن ۋاڭ يۇڭمىڭ، مۇتەللىپ قاسىم، دۇڭ شىنگۋاڭ، گۈلشات ئابدۇقادىر، مانەن زەينەل، سۇ يۆ كۇرسنىڭ باشلىنىش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن - قەھرىمانلار، قۇربانلار شەجەرىسى

# چېن يۈشىن: ساداقەتمەنلىك بىلەن ساقچى روھىنى تاۋلاش خەلق ئۈچۈن شەخسىيەتسىز خىزمەت قىلىش

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، ئۈرۈمچى، 11 - ئاينىڭ 19 - كۈنى تېلېگراممىسى** (مۇخبىر يۈ تاۋ) خەلق ساقچىسى چېن يۈشىننىڭ قارا نىيەتنى تۇتۇش جەريانىدا قەھرىمانلارچە قۇربان بولغانلىقىدەك ئىش ئىزلىرى شىنجاڭ شىخەنزە شەھىرىدە ئىزچىل ئۇزاققىچە ئېغىزدىن - ئېغىزغا كۆچۈپ مەدھىيىلىنىپ كەلمەكتە. ھەر يىلى بۇ يەردىكى جامائەت خەۋپسىزلىكى كادىر - ساقچىلىرى ۋە خەلق ئاممىسى ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقىغا كېلىپ بۇ قەھرىمان نەمۇنىچىنى خاتىرىلەيدۇ.

چېن يۈشىن، 1960 - يىلى تۇغۇلغان، خېنەن ئۆلكىسىنىڭ خۇەيياڭ ناھىيەسىدىن، خەنزۇ. 1979 - يىلى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىگە قاتناشقان، 1982 - يىلى ھەربىي سەپتىن چېكىنىپ شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى 2 - ئاپتوموبىل تىرانسپورت شىركىتىدە شوپۇر بولغان. 1991 - يىلى جامائەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتىگە قاتنىشىپ، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى شىخەنزە شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى شەھەر رايونلۇق شۆبە ئىدارىسى جىنايى ئىشلار ساقچى چوڭ ئەترىتىدە رازۋېدكىچى بولغان. 1993 - يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە كىرگەن.

1995 - يىلى 6 - ئاينىڭ 1 - كۈنى سەھەردە، چېن يۈشىن بۇيرۇققا بىنائەن سەپداشلىرى بىلەن بىرلىكتە ئوغرىلىق شايكىسى جىنايەتچىلىرىنى تۇتۇش ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلغان. جىنايەتچىلەر يوشۇرۇنۇۋالغان جايغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، يولداش چېن يۈشىن ھاياتىنىڭ خەۋپكە ئۇچرىشىغا قارىماي، بىرىنچى بولۇپ ئۆيگە بۆسۈپ كىرىپ، سەپداشلىرى بىلەن بىرلىكتە نەق مەيداندا ئۈچ جىنايەتچىنى تۇتقان.

جىنايەتچىلەرنىڭ بىرىنى ئاختۇرۇۋاتقاندا، بىر جىنايەتچى تۇيۇقسىز تاپانچىنى چىقىرىپ چېن يۈشىنغا ئوق چىقارغان، ئوق ئۇنىڭ قورسىقىدىن تېشىپ ئۆتۈپ كەتكەن. جاھىللىق بىلەن قارشىلىق كۆرسەتكەن جىنايەتچى ئالدىدا، چېن يۈشىن خەتەردىن قورقماي، قاتتىق ئاغرىققا بەرداشلىق بېرىپ، دەرھال قورالنى تەڭلەپ قايتۇرما زەربە بەرگەن، جىنايەتچى ئۇنىڭغا يەنە بىر پاي ئوق ئاتقان، ئوق ئۇنىڭ ئوڭ بىلىكىگە تېگىپ، تاپانچىسى يەرگە چۈشۈپ كەتكەن. جىنايەتچىنىڭ قورال تەڭلەپ يەنە بىر ساقچىنى قارىغا ئالغانلىقىنى كۆرگەندە، ئۇ جان پىدالىق بىلەن جىنايەتچىگە ئېتىلىپ بېرىپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن جىنايەتچىنىڭ تاپانچىسىنى تارتىۋېلىپ، جىنايەتچى سەپدىشىغا قارىتىپ ئاتقان ئىككى پاي ئوقنى ئۆز بەدىنى بىلەن توسۇۋالغان. ئېچكىرىدىكى ئۆينى ئاختۇرۇۋاتقان سەپداشلىرى ئاۋازنى ئاڭلاپ يېتىپ كېلىپ، جىنايەتچىنى نەق مەيداندا ئېتىپ ئۆلتۈرگەن. چېن يۈشىن تۆت پاي ئوق تېگىپ، قان كۆپ چىقىپ كەتكەچكە، بەختكە قارشى قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان.

چېن يۈشىن 1991 - يىلى جامائەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتىگە قاتناشقاندىن بۇيان، مەۋقەنى ئۆز خىزمىتىگە قويۇپ، جاپادىن قورقماي، قىيىنچىلىقنى تەتقىق قىلىپ، سىياسىي، كەسپىي ساپاسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 600 نەچچە مۇھىم، پەۋقۇلئاددە زور دېلونى رازۋېدكا قىلىپ پاش قىلىشقا قاتنىشىپ، ئون نەچچە جىنايەتچىنى ئۆز قولى بىلەن تۇتقان، كۆپ قېتىم تەقدىرلەنگەن، بىر قېتىم شەرەپ بىلەن 3 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتكەن.

شىخەنزە شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى مۇنۇلارنى بىلدۈردى: چېن يۈشىننىڭ ۋۇجۇدىدا خەلق ساقچىلىرىنىڭ پارتىيەگە، ۋەتەنگە، خەلققە چەكسىز سادىق بولۇشتەك ئىنقىلابىي روھى مەركەزلىك ئىپادىلەنگەن، قانۇننى قوغداش، مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلىش، باتۇرلۇق بىلەن ئۆزىنى بېغىشلاشتەك قورقماس قەھرىمانلىق جاسارىتى ئەكس ئەتكەن. چېن يۈشىن ئۆزىنىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق بىر خەلق ساقچىسىنىڭ كەسپىي خىسلىتىنى نامايان قىلىپ، بىر كومپارتىيە ئەزاسىنىڭ پارتىيە ۋە دۆلەتكە سادىق بولۇش، خەلقنى قىزغىن سۆيۈش، جان - دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتەك ئالىيجاناب مۇھەببىتىنى ئىپادىلىدى.

# يەكەن دەرياسى ئېقىن رايونى مىڭ يىللىق سۇ ئاپىتى بىلەن خوشلىشىدۇ

(بېشى 1 - بەتتە)

سۇغىرىش ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرۇشنى باشلىغانلىقىدىن، يەكەن دەرياسى ئېقىن رايونىدىكى مىڭ يىللىق سۇ ئاپىتىنىڭ «بويسۇندۇرۇلىدىغان»لىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

ئاراتاش سۇچىلىق تۈگۈنى قۇرۇلۇشى يەكەن ناھىيەسىنىڭ قوشراپ يېزىسى بىلەن ئاقتۇ ناھىيەسىنىڭ ئەسلىدىكى كوسراپ يېزىسى چېگرالىنىدىغان جايغا جايلاشقان. بۇ قۇرۇلۇش گوۋۇيۈەن بېكىتكەن 172 تۈرلۈك مۇھىم، زور سۇ تېجەش، سۇ بىلەن تەمىنلەش قۇرۇلۇشىنىڭ بىرى، شۇنداقلا دۆلەتنىڭ «13 - بەش يىل» مەزگىلىدىكى 100 مۇھىم، زور تۈرىنىڭ بىرى. 2015 - يىلى 6 - ئاينىڭ 10 - كۈنى قۇرۇلۇش باشلانغان، ئومۇمىي قۇرۇلۇش مۇددىتى 74 ئاي، ئومۇمىي سېلىنما 10 مىليارد 986 مىليون يۈەن. قۇرۇلۇش پۈتكەندىن كېيىن سۇ ئامبىرىنىڭ نورمال سۇ ساقلاش ئورنى 1820 مېتىر، ئومۇمىي ئامبار سىغىمى 2 مىليارد 249 مىليون كۇب مېتىر، ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ گېنېراتورلار سىغىمچانلىقى 755 مېگاۋات بولىدۇ.

ئاراتاش سۇچىلىق تۈگۈنى قۇرۇلۇشى يەر تەۋرەش كۈچلۈكلۈك دەرىجىسى بىرقەدەر يۇقىرى رايونغا جايلاشقان بولۇپ، نۆۋەتتە شىنجاڭدا قۇرۇلغان ۋە قۇرۇلۇۋاتقان تۈرلەر ئىچىدە ئۇنىۋېرسال كۆلىمى ئەڭ چوڭ سۇچىلىق تۈگۈنى قۇرۇلۇشى ھېسابلىنىدۇ، «ئۈچ يۇقىرى، بىر چوڭقۇر» (يۇقىرى يۈزلۈك دۆۋىلەنمە تاش توسما، يۇقىرى يەر تەۋرەش كۈچلۈكلۈك دەرىجىسى، يۇقىرى يانتۇلۇقتىكى خەتەرلىك تاغ جىنسلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش، چوڭقۇر دەريا قىنى قاپلىما قەۋىتى) بولۇش ئالاھىدىلىكىگە ھەم قۇرۇلۇش قىيىن نۇقتىسىغا ئىگە، قۇرۇلۇش ئالاھىدە رىقابەت كۈچىگە ئىگە بولۇپ، كەسىپ ساھەسىدىكىلەر تەرىپىدىن «شىنجاڭدىكى سەنشيا قۇرۇلۇشى» دەپ ئاتالغان.

شىنجاڭ شىنخۇا يەكەن دەرياسى ئېقىن رايونى سۇچىلىق، سۇ ئېلېكتر تەرەققىيات چەكلىك شىركىتى پارتكومىنىڭ شۇجىسى، باش دىرېكتور جاڭ باۋخۇ تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: ئاراتاش سۇچىلىق تۈگۈنى قۇرۇلۇشى كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش، سۇغىرىش، ئېكولوگىيە، توك چىقىرىش قاتارلىق ئۇنىۋېرسال پايدىلىنىش ئىقتىدارىغا ئىگە. قۇرۇلۇش پۈتكەندىن كېيىن، يەكەن دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى ئادەتتىكى مۇداپىئە ئوبيېكتلىرىنىڭ كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش ئۆلچىمىنى ئىككى يېرىم يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە بىر قېتىم ئاپەت كۆرۈلۈشتىن 20 يىلدا بىر قېتىم ئاپەت كۆرۈلۈشكە، مۇھىم مۇداپىئە ئوبيېكتلىرىنىڭ مۇداپىئە ئۆلچىمىنى 20 يىلدا بىر قېتىم ئاپەت كۆرۈلۈشتىن 50 يىلدا بىر قېتىم ئاپەت كۆرۈلۈشكە ئۆستۈرگىلى، سۇغىرىش رايونىنىڭ سۇغىرىشقا كاپالەتلىك قىلىش نىسبىتىنى نۆۋەتتىكى %50كە يەتمەسلىكتىن %75كە ئۆستۈرگىلى بولىدۇ. «ئۇنىڭدىن باشقا، ئاراتاش سۇچىلىق تۈگۈنى قۇرۇلۇشى ئارقىلىق يەنە تارىم دەرياسىنى ئېكولوگىيەلىك سۇ بىلەن تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە، پاكىز ئېنېرگىيە بىلەن تەمىنلەش، ئېقىن رايونىنىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىتىنى ياخشىلاش، يەكەن دەرياسى ئېقىن رايونىنىڭ مىڭ يىللىق سۇ ئاپىتىنى ھەل قىلىش، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيىتىنىڭ ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشتا مۇھىم رولغا ئىگە» دېدى جاڭ باۋخۇ.

كەشمىرنىڭ شىمالىدىكى قارا قۇرۇم قارلىق تېغىدىن باشلانغان يەكەن دەرياسىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 1289 كىلومېتىر بولۇپ، يەكەن ناھىيەسى، ئاقتۇ ناھىيەسى، خوتەن ۋىلايىتى ۋە ئاقسۇ ۋىلايىتىدىن ئېقىپ ئۆتۈپ، ئەڭ ئاخىرىدا تارىم دەرياسىغا قۇيۇلىدۇ.

يەكەن دەرياسى بىر پەسىللىك دەريا بولۇپ، ئەتىيازدا قۇرغاقچىلىق بولۇش، يازدا ھۆلچىلىك بولۇش، كۈزدە سۇ كەمچىل بولۇش، قىشتا قۇرۇپ كېتىش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە. ھەر يىلى 5 - ئايدىن 9 - ئايغىچە يەكەن دەرياسىنىڭ كەلكۈن مەزگىلى بولۇپ، تېمپېراتۇرىنىڭ ئۆرلىشىگە ئەگىشىپ، يۇقىرى ئېقىندىكى قارلىق تاغ، مۇزلۇقلار ئېرىپ، ئاسانلا مۇزلۇق توسۇلما كۆللەردە توسمىنى يار ئېلىپ كېتىش تىپىدىكى كەلكۈن يۈز بېرىدۇ، يەكەن دەرياسى ئېقىن رايونىدا توققۇز ئۆلۈشتىن يۇقىرى يېزىلاردىكى ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ ھەممىسى كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىشكە قاتنىشىدۇ، ماددىي ئەشيا سېلىنمىسى 100 مىليون يۈەنگە يېتىدۇ. بۇنىڭدىن ئىلگىرى يەكەن ناھىيەسىدىلا ھەر يىلى كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىشكە قاتنىشىدىغان ياش، ئوتتۇرا ياش ئەمگەك كۈچى 104 مىڭ ئادەمگە يېتەتتى.

# گولمۇد - كورلا تۆمۈريولىنىڭ ئالتۇنتاغ تونېلى تۇتاشتۇرۇلدى

(بېشى 1 - بەتتە)

ئۈچ يىلدىن ئارتۇق چىڭ تۇرۇش ۋە ئەجىر قىلىش ئارقىلىق بۈگۈنكى كۈندە تونېل بىخەتەر، ئوڭۇشلۇق تۇتاشتۇرۇلدى، نەق مەيداندىكى تۆمۈريول قۇرۇلۇشچىلىرى بايراقنى لەپىلدىتىپ ھاياجان بىلەن تەنتەنە قىلدى. «تونېل تۇتاشتۇرۇلدى، ھەرقانچە كۆپ جاپا تارتساقمۇ ئەرزىيدۇ» دېدى جۇڭگو تۆمۈريول تونېلى ئىدارىسى گۇرۇھ چەكلىك شىركىتى گولمۇد - كورلا تۆمۈريولى شىنجاڭ S6 بۆلىكى تۈرى دىرېكتورلار بۆلۈمىنىڭ دىرېكتورى گو چۈەن.

گولمۇد - كورلا تۆمۈريولىنىڭ شىنجاڭ بۆلىكىدە جەمئىي 16 تونېل لايىھەلەنگەن، 15 تونېل ئالتۇنتاغ تىزمىسىغا جايلاشقان، بۇنىڭ ئىچىدە ئالتۇنتاغ تونېلىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 13.195 كىلومېتىر بولۇپ، پۈتۈن لىنىيەدىكى بىرىنچى ئۇزۇن تونېل ھېسابلىنىدۇ، گولمۇد - كورلا تۆمۈريولىدىكى نۇقتىلىق تىزگىنلەش خاراكتېرلىك قۇرۇلۇش بولۇپ، تۆمۈريول قۇرۇلۇشىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئىلگىرىلەش سۈرئىتىگە چېتىلىدۇ.

گو چۈەننىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، ئالتۇنتاغ تونېلى پۈتۈن لىنىيەدىكى بىردىنبىر بىرىنچى دەرىجىلىك ئالاھىدە ئۇزۇن خەتىرى يۇقىرى تونېل ئىكەن، تونېلنىڭ گېئولوگىيەلىك ئەھۋالى ئىنتايىن مۇرەككەپ بولۇپ، 11 ئۈزۈلمە بەلباغنى كېسىپ ئۆتىدىكەن، بۇنىڭ ئىچىدە توققۇز سۇلۇق رايون بولۇپ، تونېل ئىچىنىڭ سۇ چىقىش مىقدارى بىرقەدەر چوڭ، ئەڭ يۇقىرى بولغاندا كۈندىلىك سۇ چىقىش مىقدارى 27 مىڭ كۇب مېتىرغا يېتىدىكەن، بۇ ئون ئۆلچەملىك سۇ ئۈزۈش كۆلچىكىنىڭ سۇ ساقلاش مىقدارىغا باراۋەر ئىكەن. قۇرۇلۇش قىلغاندا يەنە كارست، كۆپمە جىنس، ئېگىزلىك كۈچىنىشى قاتارلىق ھەر خىل ناچار گېئولوگىيەلىك شارائىتلارنىڭ سىنىقىغا دۇچ كېلىدىكەن. بۇنىڭدىن باشقا، ئالتۇنتاغنىڭ قىش پەسلىدىكى تېمپېراتۇرىسى نۆلدىن تۆۋەن 30 نەچچە سېلسىيە گرادۇسقا يېتىدىكەن، ھاۋا شالاڭ بولغاچقا، ئوكسىگېن يېتىشمەي ئادەم كۈچى ئۈنۈمى %30تىن كۆپرەك تۆۋەنلەيدىكەن، ماشىنا ئۈنۈمى %40تىن كۆپرەك تۆۋەنلەيدىكەن.

بۇ قىيىن ئۆتكەللەرنى بۆسۈپ ئۆتۈش ئۈچۈن، قۇرۇلۇشچىلار گېئولوگىيەلىك ئالدىن مەلۇمات بېرىشنى يولغا قويۇپ، مەخسۇس قۇرۇلۇش لايىھەسىنى تۈزۈپ چىقتى ھەم قاتتىق يولغا قويدى؛ قۇرۇلۇش ئۇسۇلىنى مۇۋاپىق تاللاپ، دەسلەپكى مەزگىلدىكى تىرەك قويۇشنى ۋاقتىدا ئېلىپ باردى؛ ئۇدۇل يۆنىلىشلىك لاي قۇيۇش تېخنىكا تەدبىرىدىن پايدىلىنىپ، توسۇش، سۇ چىقىرىۋېتىش قاتارلىق تەدبىرلەرنى ئالدىن قوللىنىپ، تونېل قېزىشنىڭ بىخەتەر، تەرتىپلىك بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى. ئۈچ يىلدىن كۆپرەك تىرىشىپ كۈرەش قىلىپ، ئاخىر بۇ «ئەڭ قىيىن مەسىلە»نى ھەل قىلدى.

گولمۇد - كورلا تۆمۈريولى شەرقتە چىڭخەي ئۆلكىسىنىڭ گولمۇدتىن باشلىنىپ، غەربتە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كورلىغا تۇتىشىدۇ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 1213.95 كىلومېتىر كېلىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە شىنجاڭ چېگراسى ئىچىدىكى ئۇزۇنلۇقى 708 كىلومېتىر بولۇپ، غەربىي رايوندىكى مۇھىم تۆمۈريول تور غول لىنىيەسى ۋە شىنجاڭ تۆمۈريولى ئاساسىي گەۋدىسىنىڭ بىرى، «قۇملۇقتىكى يېڭى يىپەك يولى» دەپ تەرىپلىنىدۇ، لىنىيە قۇرۇلۇشىنىڭ ئۆلچىمى دۆلەت 1 - دەرىجىلىك ئېلېكترلەشكەن تاق لىنىيەلىك تۆمۈريول بولۇپ، پۈتۈن لىنىيەدە قاتناش باشلانغاندىن كېيىن، كورلىدىن گولمۇدقا بېرىش ئۈچۈن 12 سائەت ئەتراپىدىلا ۋاقىت كېتىدۇ.

ئالتۇنتاغ تونېلىنىڭ تۇتاشتۇرۇلۇشىغا ئەگىشىپ، گولمۇد - كورلا تۆمۈريولى قۇرۇلۇشى قەدىمى يەنىمۇ تېزلەشتى، مۆلچەرلىنىشىچە كېلەر يىلى پۈتۈن لىنىيەدە قاتناش باشلىنىپ تىجارەتكە كىرىشتۈرۈلىدىكەن. شۇ چاغدا، شىنجاڭدا لەنجوۋ - شىنجاڭ تۆمۈريولى ۋە لەنجوۋ - شىنجاڭ يۇقىرى سۈرئەتلىك تۆمۈريولىنى ئاساسىي لىنىيە قىلغان، ئېجىنادىن قومۇلغىچە بولغان تۆمۈريولنى شىمالىي يول، گولمۇد - كورلا تۆمۈريولىنى جەنۇبىي يول قىلغان «بىر ئاساس، ئىككى قوشۇمچە» ئەندىزىسى شەكىللىنىپ، شەرق بىلەن بىرلىشىش ئىقتىدارى يەنىمۇ كۈچىيىدۇ.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)